# مەن بارلىق گۇناھ-مەسىيەتلەرنى قىلدىم، ئاللاھ مېنى ئەپۇ قىلامۇ؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سەن ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرمىدىڭمۇ؟

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن بارلىق گۇناھ-مەسىيەتلەرنى قىلدىم، ئاللاھ مېنى ئەپۇ قىلامۇ؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سەن ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرمىدىڭمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم دېدى، ئۇ كىشى: ھەئە، دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئاشۇ شاھادەت كەلىمىسى ئۇنىڭغا كاپارەت بولىدۇ» دېدى.

[(سەھىھ)بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ]

بىر ئادەم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن چوڭ-كىچىك بارلىق گۇناھ-مەسىيەتلەرنى قىلدىم، مېنىڭ گۇناھىم كەچۈرۈم قىلىنامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: ««سەن ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرمىدىڭمۇ؟» دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئۇ كىشى: ھەئە، گۇۋاھلىق بېرىمەن دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە شاھادەت كەلىمىسىنىڭ پەزىلىتىنى ۋە ئۇنىڭ خاتالىقلارغا كاپارەت بولىدىغانلىقى، تەۋبە قىلىش بىلەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى گۇناھلار ئۆچۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەردى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65006

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee